سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# گىرىم چۆچەكلىرى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلىكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

## دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# گرىم چۆچەكلىرى

ئاپتورى: ئاكا ـ ئۇكا گرىملار [گېرمانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىيەم كېرەم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/阿斯艳木·克然木译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

书　　名: 格林童话集
作　　者: 格林兄第 [英]
翻　　译: 阿斯艳木·克然木
责任编辑: 艾尼瓦·库迪力克
责任校对: 乔尔帕·吐尔逊
出　　版: 新疆喀什维吾尔文出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址: 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编: 830000
发　　行: 新疆新华书店
印　　刷: 新疆八艺印刷厂
开　　本: 787mm×1092mm 1/32
印　　张: 2.5
版　　次: 2009 年 1 月第 1 版
印　　次: 2009 年 2 月第 1 次印刷
书号:ISBN978-7-5373-1736-8
定　　价: 60.00 元 (全十册)

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** گرىم چۆچەكلىرى
**ئاپتورى:** ئاكا ـ ئۇكا گرىملار [گېرمانىيە]
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئاسىيەم كېرەم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** چولپان تۇرسۇن
**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8
**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

# كىرىش سۆز

ئاكا ـ ئۇكا گرىممالارنىڭ چۆچەكلىرى ئاندېرسېننىڭ چۆچەكلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ: ئاندېرسېننىڭ چۆچەك- لىرى ئەدەبىي قىزىقارلىققا، لىرىك تۇيغۇغا ۋە رومانتىك پۇ- راققا ئىگە؛ ئاكا ـ ئۇكا گرىممالارنىڭ چۆچەكلىرى بېزەكسىز ئۇسلۇبقا، پروزا تەپسىلاتىغا ۋە كلاسسىك تۈسكە ئىگە، يېزىق- چىلىقتىن ئىپادىلىنىشىچە، ئاندېرسېن ئىجادىيلىققا كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن؛ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئاكا ـ ئۇكا گرىممالار خەلق رىۋايەتلىرىگە تېخىمۇ سادىق بولغان.

ئاكا ـ ئۇكا گرىممالاردىن ئاكىسىنىڭ ئىسمى ياكوب گرىمم (Jacob Grimm, 1785 — 1863)، ئىنىسىنىڭ ئىسمى ۋىلھېلم گرىمم (Wilhelm Grimm, 1786 — 1859)، ئۇلار ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى جايلى- دىكى كۇتۇپخانا، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىزمەت قىلىش، شۇ يەرلەردە بىلىم تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئىنتايىن ئىناق ئۆتكەن. 1859 ـ يىلى 12 ـ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئايىنىڭ 16 ـ كۈنى ئىنىسى كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاكىسى ئۆكىسىنىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن:

«بىلىم ئېلىۋاتقان چاغلىرىمىزدا، بىز بىر ئۆيدە تۇرۇپ، بىر كارىۋاتتا يېتىپ، بىر ئۈستەل ئىشلەتتۇق، كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چاغلىرىمىزدىمۇ بىر ئۆيدە تۇردۇق، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ بىر ئۆيدە بولدۇق. ئاخىرى تام قوشنا بولۇپ ئولتۇردۇق، ئارىمىزدا «قىلچە ئايرىمچىلىق يوق ئىدى، مۈلۈككە ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلاتتۇق، كىتابلاردىن تەڭ پايدىلىناتتۇق.»

مۇشۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپتىنلا شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، بۇ ئىككىيلەن تۇرمۇشتا ئايرىلمىغان، ئۇلار يازغان ئەسەرلەرنىڭ قايسىسىنى ئاكىسى، قايسىسىنى ئۇكىسى يازغانلىقىنى ھېچكىم كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

فەن چۇەن

1997 ـ يىل 8 ـ ئاي

# مۇندەرىجە


باشمالتاق ............................................ 1

ئالتۇن قۇش ........................................ 13

خەنسا بىلەن گرانسا ................................. 27

شىرە، ئېشەك، توقماق ............................... 39

ئاقلالە بىلەن قىزىلگۈل ............................... 59

تۇمان موماي ........................................ 68

# باشمالتاق

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر نامرات دېھقان بار ئىكەن.

ھەر كۈنى كېچىسى ئايالى يىپ ئېگىرىۋاتقاندا، ئۇ ئوچاق تۆۋىدە ئوتنى چوقچىلاپ ئولتۇرۇپ، «بالىمىز يوق ھەجەپ زېرىكتۇق، بالىلىق ئۆي بازار، بالا يوق ئۆي مازار، دېگەن راستىكەن» دەيدىكەن.

— شۇنداق! — دەپتۇ ئۇنىڭ ئايالى ئۇھسىنىپ، — بىر بالام بولسا، ئۇ بارماقچىلىك بولسىمۇ مەيلىتى، — دەپتۇ.

كېيىن بۇ دېھقانىنىڭ ئايالى دەرۋەقە بىر بالا تۇغۇپتۇ. بالىنىڭ پۇت - قوللىرى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن، لېكىن بالا بارماقچىلىك چوڭلۇقتا بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭغا «باشمالتاق» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ئۇلار ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى بېرىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ زادىلا چوڭ بولالماي، تۇغۇلغان چاغدىكىدەكلا تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك ئىكەن، نېمىنى كۆرسە شۇنى بىلىدىكەن؛ قىلغان ئىشىنىڭ ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىكەن.

بىر كۈنى دېھقان ئورمانغا ئوتۇنغا بارماقچى بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: بىرەرسى ھارۋامنى ئورمانلىققا ئاپىرىپ بەرگەن بولسا، قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە! ــ دەپتۇ.



— ھەي دادا، — دەپتۇ باشمالتاق، — ھارۋىنى مەن ئاپىرىپ بېرەي، خاتىرجەم بولۇڭ. ھارۋىنى چوقۇم سىز دېگەن ۋاقىتتا يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ سەن بەك كىچىك تۇرساڭ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرى (يۇگەن) نى تۇتالمايسەن، — دەپتۇ.

— دادا، ئۇنىڭ كارى چاغلىق، — دەپتۇ باشمالتاق، — ئاپام ئاتنى ھارۋىغا قوشۇپلا بەرسە، مەن ئاتنىڭ قۇلىقىدا ئولتۇرۇپ، ئاتقا قانداق مېڭىشنى دەپ بەرسەملا بولىدۇ.

— بولىدۇ، سىناپ باقايلى، — دەپتۇ دادىسى قىزىقىپ.

ئاپىسى ھارۋىنى قوشۇپ، باشمالتاقنى ئاتنىڭ قۇلىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، باشمالتاق ئاتنىڭ قۇلىقىغا قانداق مېڭىشنى ئېيتىپتۇ. دەرۋەقە، ئات ھارۋىكەش ھەيدەپ ماڭغاندەكلا، ناھايىتى ئوبدان مېڭىپتۇ.

ھارۋا چوڭ يولدىن ئورمانغا كىرىپتۇ.

ھارۋا بۇرالغاندا ئىككى يات ئادەم ھارۋىكىشى يوق بۇ ھارۋىنى كۆرۈپ، ھارۋىكەشنىڭ «ھو ـ ھو، ئاستىراق!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى:

— ھارۋا كېتىپ بارىدۇ، ھارۋىكەش ۋارقىراۋاتىدۇ، لېكىن ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، — دەپتۇ. يەنە بىرەيلەن:

— بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار، ھارۋىغا ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇنىڭ نەدە توختايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ.

هارۋا ئورمان ئىچىدىكى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە تىنچ - ئامان يېتىپ بېرىپتۇ.

باشمالتاق دادىسىنى كۆرۈپ:

— دادا، قاراڭ، هارۋىنى ئېلىپ كەلدىم، مېنى چۈشۈرۈپ قويۇڭ، — دەپ توۋلاپتۇ.

دادىسى ئاتنى سول قولى بىلەن تۇتۇپ، باشمالتاقنى ئوڭ قولى بىلەن ئاتنىڭ قۇلىقىدىن ئاپتۇ.

باشمالتاق خۇش بولۇپ، بىر تال سامانىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ.

هېلىقى ناتونۇش ئىككىيلەن باشمالتاقنى كۆرۈپ تولىمۇ هەيران قاپتۇ، بىرسى يەنە بىرسىنى چەتكە تارتىپ:

— بۇ كىچىك ئادەمنى سېتىۋېلىپ، چوڭ شەھەرلەرگە ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلساق، باي بولۇپ كېتىمىز. ئۇنى سېتىۋالايلى، — دەپتۇ پىچىرلاپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشمالتاقنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ماۋۇ كىچىك ئادەمنى بىزگە سېتىپ بەرگەن بولسىڭىز، بىز ئۇنىڭغا ئوبدان قاراپ، ياخشى باقىمىز، ئۇنىڭ كۈنلىرى شادلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، — دەپتۇ.

لېكىن باشمالتاقنىڭ دادىسى:

— ياق، ساتمايمەن، بۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا باشمالتاق ئۆزىنى سېتىش - ساتماسلىق توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، دادىسىنى پېشىدىن تارتىپ بىر



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co

چەتكە ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا:

ــ مېنى ساتسىڭىز سېتىڭ، مەن قايتىپ كېلەلەيمەن، ــ دەپ پىچىرلاپتۇ.

دادىسى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، نۇرغۇن پۇلغا ئېگە بوپتۇ.

ھېلىقى ئىككىيلەن باشمالتاقنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن:

ــ نەدە ئولتۇرساڭ بولار؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مېنى شىلەپىڭنىڭ چۆرىسىگە ئېلىپ قويۇڭلار، ئۇ يەردە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، مەنزىرىلەرنى كۆرەي، يىقىلىپ چۈشمەيمەن، ــ دەپتۇ باشمالتاق.

ئۇلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. ئۇلار باشمالتاقنىڭ دادىسى بىلەن خوشلىشىپ، باشمالتاقنى ئېلىپ ئاستا يولغا مېڭىپتۇ. گۇگۇم چۈشكەندە شىلەپىسىنى ئېلىپ، باشمالتاقنى يەرگە قويۇپتۇ.

باشمالتاق يەردە ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ، خۇشال ئويناپتۇ. بىردەم ئويناپ، غىپپىدە قىلىپ چاشقان تۆشۈكىگە كىرىۋاپتۇ ۋە ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ:

ــ ئەپەندىلەر، كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن! ئەمدى مېنى ئېلىپ كېتەلمەيسىلەر، خەير ـ خوش! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھېلىقى ناتونۇش ئىككى ئادەم بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چاشقان تۆشۈكىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئىنتايىن خاپا بولۇپ، چاشقان تۆشۈكىگە تاياق تىقىپ بېقىپ-

تۇ، باشمالتاق بەك ئىچكىرىگە بېرىۋالغاچقا، ئۇلار تاياقنى يەتكۈزەلمەپتۇ. كۆپ ئۆتمەي قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، ئۇلار ھەميانـ لىرى قۇرۇغدالغان ھالدا ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

باشمالتاق قۇلاق سېلىپ تۆشۈكنىڭ سىرتىدا شەپە ئاڭـ لانمىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، تۆشۈكتىن چىقىپتۇ، بۇ چاغدا ھەممە يەر قاراڭغۇ بولۇپ كېتىپتۇ، قاـ راڭغۇدا يول مېڭىشنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن باشمالتاق يېنىدىكى قۇرۇق قولۇلە قېپىغا كىرىپ يېتىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا باراي دېگەندە، ئىككى ئادەمنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ھېلىقى ئىكـ كىيلەن باشمالتاق ياتقان قولۇلە قېپىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

— ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى قانداق ئوغرىلىساق بولار؟ — دەپتۇ.

— بۇنى سىلەرگە مەن دەپ بېرەي، — دەرھال جاۋاب بېـ رىپتۇ باشمالتاق.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن ئوغرىلار چۆچۈپ كېـ تىپتۇ. بىر ئوغرى قورققان ھالدا يەنە بىرسىدىن:

— بۇ نېمە ئاۋاز؟ بىرسى گەپ قىلغاندەك قىلىدىغۇ، — دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار ئورنىدا جىم تۇرۇپ تىڭشاپتۇ.

— مېنى ئېلىۋېلىڭلار، ئوغرىلىق قىلىشىڭلارغا ياردەم

قىلىمەن، — دەپتۇ باشمالتاق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— كىمسەن؟ نەدىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار قورقۇنىدىن تىترەپ تۇرۇپ.

— مەن بۇ يەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باشمالتاق، يەرگە ئوبدانراق قارىساڭلارلا ئاۋازنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيسىلەر.

ئىككى ئوغرى ئاخىر باشمالتاقنى تېپىپتۇ.

ئۇلار باشمالتاقنى قولىغا ئېلىپ:

— سەن مۇشۇنداق كىچىككىنە تۇرۇپ بىزگە قانداق ياردەم قىلالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككىسى تەڭلا.

— دېرىزىدىكى تۆمۈر توساقنىڭ ئارىسىدىن باينىڭ ئۆيىگە كىرىپ، سىلەر ئالماقچى بولغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ باشمالتاق.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئۇلار خۇش بولۇپ، — كارامىتىڭنى كۆرۈپ باقايلى.

شۇنداق دەپلا، ئۇلار باشمالتاقنى ئېلىپ، ھېلىقى باينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، باشمالتاق ئۆيگە كىرىۋېلىپ، بار كۈچى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— بۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى ئالامسىلەر؟!

ئىككى ئوغرى باشمالتاقنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— ئاۋازىڭنى پەس قىل، ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىۋەتمە، — دەپتۇ جىددىيلىشىپ.

لېكىن باشمالتاق ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك

ۋارقىراۋېرىپتۇ:

ــ نېمە دەۋاتىسىلەر؟! بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەمـمىسىنى ئالامسىلەر؟!

بۇ قېتىمقى ۋارقىراش ئۆينىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتقان ئايال ئىشلەمچىنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ زەن سېلىپ ئاڭلاپتۇ.

ئىككى ئوغرى قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. لېكىن سەل تۇرۇپ بىرەر شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن يېنىپ كېلىپ، باشمالتاققا:

ــ چاقـقان بول، نەرسىلەرنى بىزگە سۇنۇپ بەر! ــ دەپتۇ.

باشمالتاق بار كۈچى بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ ھەممە نېمىنى سىلەرگە سۇنۇپ بېرەي، قولۇڭلارنى تىقىڭلار!

ئىشلەمچى ئايال بۇ گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلاپ، دەرھال خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ.

ئىككى ئوغرى بىرسىنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئىشلەمچى ئايال ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەپتۇ، قايتىپ بېرىپ چىراغ يېقىپ كېلىپ تەپسىلىي قاراپتۇ، بىراق يەنىلا ھېچ نەرسىنى كۆرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، كارىۋىتىدا يېتىپتۇ.

باشمالتاق دېرىزىدىن چىقىپ دۆۋىلەپ قويۇلغان ئوت ـ

چۆپلەر ئارىسىدىن ئوبدان جاي تېپىپ يېتىپتۇ. ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە هاردۇق ئېلىپ، تاڭ ئاتقاندا دادىسىنىڭ يېنىغا كەتمەكچى بوپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا ئىشلەمچى ئايال بىر قوچاق قوروق ئوتنى كاللارغا سېلىپ بېرىپتۇ. باشمالتاق هېلىقى ئايال كاللارغا سېلىپ بەرگەن ئوتنىڭ ئىچىدە ئىكەن، ئۇ ئويغانغاندا، كالىنىڭ قارنىدا تۇرغۇدەك:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ توگمەنگە قانداق چۈشۈپ كەتتىم؟ — دەپ داد ـ پەرياد ئۇرۇپتۇ ئۇ.

لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ كالىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ قالغانلىقىنى دەرهال بىلىپتۇ، ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆزىنى كالىنىڭ چاينىۋېتىشىدىن قاچۇرۇپتۇ.

باشمالتاق كالىنىڭ ئاشقازىنىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى يوق ئىكەن، ئاپتاپمۇ چۈشمەيدىكەن، چىراغمۇ يوق، ئەجەپ قاراڭغۇ ئىكەن، — دەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن كالا يېگەن ئوتنىڭ كۆپىيىشى بىلەن باشمالتاق بارغانسېرى قىسىلىپ تۇرالماي قاپتۇ.

باشمالتاق جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپتۇ:

— بولدى، بولدى، ماڭا ئوت سېلىپ بېرىۋەرمەڭلار! ئەمدى هېچنېمە يېمەيمەن!

ئىشلەمچى ئايال كالىنى سېغىۋاتقانىكەن، ئۇ كالىنىڭ قورسىقىدىن چىققان ئاخشامقىغا ئوخشاش ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن ئولتۇرغان ئورۇندۇقىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ،



بىر چېلەك سۈتمۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئىشلەمچى ئايال خوجايىنىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ تۇرۇپ دەپتۇ:

ــ ۋاي خۇدايىمەي، كالا گەپ قىلالايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ــ ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، ــ دەپتۇ خوجايىن سۆزلىگەچ، ئېغىلغا كىرىپ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بوپتۇ. ئېغىلغا كىرىشىگە باشمالتاقنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ:

ــ بولدى، بولدى! ماڭا ئوت سېلىپ بېرىۋەرمەڭلار، ئەمدى هېچنېمە يېمەيمەن!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خوجايىن قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. «كالىنىڭ قورسىقىغا ئالۋاستى كىرىۋاپتۇ» دەپ پەرەز قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنى بۇيرۇپ كالىنى سويدۇرۇۋېتىپتۇ.

كالا سويۇلۇپتۇ.

لېكىن كالىنىڭ ئاشقازىنىنى (قېرىنىنى) ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋېتىپتۇ. باشمالتاق هەر خىل ئاماللارنى قىلىپ كالىنىڭ ئاشقازىنىدىن چىقىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. باشمالتاق چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغاندا، بىر بۆرە كېلىپ كالىنىڭ ئاشقازىنىنى يەۋاپتۇ.

بۆرىنىڭ ئاشقازىنىدىكى باشمالتاق ئۆزىنى ناهايىتى سالماق تۇتۇپتۇ.

ــ قەدىرلىك بۆرە، مەن ناهايىتى يېيىشلىك ئوبدان بىر



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com